نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# 2019 ـ يىلى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئايلىنىشى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلاندى

## 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدە يىل ئىچىدە يېڭى رېكورت يارىتىلدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈگفېينىڭ** 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېچىلغان 2019 ـ يىللىق شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئايلىنىش ۋەزىيىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، 2019 ـ يىلى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئايلىنىشىدا مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمى مۇۋاپىق ئېشىشنى ساقلىغان. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدا جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ساقلانما مىقدارى 2 تىرىليون 700 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 9.7% ئېشىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 7.1 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان، جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدە يىل ئىچىدە يېڭى رېكورت يارىتىلغان.

بۇلتۇر 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىش مىقدارى 233 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بانكا كرېدىتى، ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس تۈردىكى زايوم مىقدارىنىڭ ئېشىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 138 مىليارد 750 مىليون يۈەن ۋە 48 مىليارد 870 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېشىش مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 59.3% ۋە 20.9%نى ئىگىلىگەن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئېشىش مىقدارىنىڭ يىغىندىسى ئىگىلىگەن نىسبەت 80%تىن ئاشقان بولۇپ، بۇ جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىشىغا ئاساسلىق تىرەك بولغان؛ كارخانا زايومى ۋە پاي چېكى قاتارلىق بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مىقدارىنىڭ ئېشىشى 25 مىليارد 960 مىليون يۈەن بولۇپ، ئېشىش مىقدارى ئىگىلىگەن نىسبەت 11.1% بولغان.

جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىشىدىكى «ئاساسىي قوشۇن» بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭنىڭ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 2 تىرىليون 100 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 163 مىليارد 510 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.3% ئېشىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.9 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە، خەلق پۇلى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 1 تىرىليون 996 مىليارد 10 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 164 مىليارد 90 مىليون يۈەن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.7% ئاشقان. ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 1 تىرىليون 214 مىليارد 50 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 104 مىليارد 810 مىليون يۈەن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.8% ئېشىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن، بارلىق قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 1 پىرسەنت پوئېنت ۋە 0.5 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان. «سېلىنمىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇلى قەرز پۇلغا تىرەك بولىدىغان ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قالدى» دېدى جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى يۈ يۈگشېڭ.

رايونلار بويىچە قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشقان. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 328 مىليارد 170 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 23 مىليارد 350 مىليون يۈەن ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 244 مىليارد 460 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 22 مىليارد 160 مىليون يۈەن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.8% ئېشىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن، بارلىق قەرز پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 8.3 پىرسەنت پوئېنت ۋە 1.5 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان.

«بۇلتۇر خەلق پۇلى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن تۆۋەنلىدى، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخى خېلى تۆۋەنلىدى» دېدى يۈ يۈگشېڭ. بۇلتۇر 12 ـ ئايدا، خەلق پۇلى قەرز پۇلىنىڭ ۋەزنىلىك ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 5.72% بولۇپ، سېلىشتۇرما نىسبىتى 0.23 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.50 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىگەن. كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ۋەزنىلىك ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 5.01% بولۇپ، سېلىشتۇرما نىسبىتى 0.12 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.34 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ۋەزنىلىك ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 5.49% بولۇپ، سېلىشتۇرما نىسبىتى 0.14 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلەپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.30 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىگەن.

# شىنجاڭدا گۈزەل، كۆپ مەنبەلىك جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ھېس قىلدىم

«چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى لى

«شىنجاڭ ناھايىتى ياخشى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، كىشىلەر خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ؛ مەن ئۈرۈمچىدە ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ھەر خىل ئۇششاق تاۋارلارنى سېتىۋالالايمەن، سىچۈەن ساماۋار شورپىسى، بېيجىڭ ئۆردەك كاۋىپى، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى تامىقى قاتارلىق مەززىلىك تاماقلارنى يېيەلەيمەن.» 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، قىرغىزىستاندىن كەلگەن ھېساممىدىنوۋا نۇرجامال مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

نۇرجامال بۇ يىل 45 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ سىفەن داشۆسى خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىغا 11 يىل بوپتۇ.

«ئەسلىدە مەن شىنجاڭ سىفەن داشۆسىگە جۇڭگو تىلى ئۆگەنگىلى كەلگەن، شىنجاڭنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن قېپقېلىپ ئوقۇتقۇچى بولدۇم.» 2008 ـ يىلى نۇرجامال شىنجاڭغا ئۈزۈلمەس رىشتە باغلىغان ئىكەن.

نۇرجامال شىنجاڭغا يەنە ئۆزىنىڭ بىر جۈپ پەرزەنتىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. «بالامنى جۇڭگودا جۇڭگو تىلىنى ئۆگەنسىكەن دەيمەن، جۇڭگو تىلىنى ياخشى ئۆگەنسە، بالام كەلگۈسىدە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئېرىشىدۇ.»

شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدە بىر يىل رۇس تىلىدىن دەرس بەرگەندىن كېيىن، ئوقۇۋاتقان بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، نۇرجامال بېيجىڭ داشۆسى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە ئۈچ يىل خىزمەت قىپتۇ، كېيىن يەنە شىنجاڭ سىفەن داشۆسىگە قايتىپ كېلىپ رۇس تىلى دەرسى بېرىپتۇ.

«شىنجاڭ ناھايىتى زامانىۋى، ناھايىتى سىغدۇرۇشچان جاي، بۇ يەردە پارلاق، شانلىق، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ» دېدى نۇرجامال كۈلۈپ تۇرۇپ.

مۇخبىر نۇرجامالنىڭ سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ناھايىتى كۆركەم بىر قاشتېشى ئۈزۈك تاقىۋالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىغا بىر تىزىق مارجان بىلەزۈك ۋە بىر تال كىچىك ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن قىزىل لېنتا تاقىۋالغانىدى.

«ئۈزۈكنى كۆپ يىللار ئىلگىرى مەن شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونىدىن سېتىۋالغان، ناھايىتى كۆپ كىشى چىرايلىق ئىكەن دېيىشتى.» نۇرجامال ئۆزى سېتىۋالغان كىچىك نەرسىلەردىن ناھايىتى رازى ئىكەن. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا خۇاللىڭ بازىرى، سودا شەھەرچىسى، دوستلۇق سودا سارىيى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، «بۇ يەردە مال سېتىۋېلىش ئىنتايىن قولايلىق، مەن ھەر قېتىم ۋەتەنگە قايتىشتىن بۇرۇن، يۈز چاپلىقى، كىيىم ـ كېچەك، ساپ يىپەك شارپا قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە سوۋغا قىلىمەن، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ناھايىتى ياقتۇرىدۇ.»

نۇرجامال يەنە مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ ئالتۇن يالىتىلغان قاشتېشى بولاپكىسى، ئاچقۇچ ئاسقۇچىدىكى كىچىك قاپاق ئاسما زىننەت بۇيۇملىرىنى قىزغىنلىق بىلەن كۆرسەتتى. مۇخبىر كىچىك قاپاققا بىر يولۋاس ئويۇلغانلىقىنى كۆردى، يەنە «بىر ئۆمۈر ئامان بولۇڭ» «بەخت» دېگەن خەتلەرمۇ بار ئىدى. نۇرجامال جۇڭگونىڭ 12 مۇچىلى بويىچە، ئۆزىنىڭ يولۋاس يىللىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ بۇ كىچىك قاپاقنى سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. «تىنچ، بەخت بۇ ‹جۇڭگوچە مەنە› بەك گۈزەل ئىكەن، مەن بەك ياقتۇرىدۇم، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇچىلى بويىچە كىچىك قاپاق سوۋغا قىلدىم».

«جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى مول، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ھەم ئىنتايىن قىزىقارلىق. مەسىلەن، تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزگەندە ئۇزاق ئۆمۈر ئېشى يېيىش، چاغان ئۆتكۈزگەندە قىزىل بولاق تارقىتىش، جەم بولۇش تامىقى يېيىش، تاماق يېگەندىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇن بار ئىكەن.» جۇڭگو مەدەنىيىتى تىلغا ئېلىنسا نۇرجامال ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدىكەن.

2019 ـ يىلى قىشلىق كۈن توختىغان كۈندە نۇرجامال ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە جۇۋاۋا تۈگۈپتۇ. «بىز ھەر خىل قىيما ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى جۇۋاۋا تۈگدۇق. كۆپچىلىك بىرلىكتە ناھايىتى خۇشال بولدۇق».

نۇرجامال ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئېسىل تۇرمۇشىنى نامايان قىپتۇ: ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ نەنسەن مەنزىرە رايونىغا بېرىپ دالا ئوقۇتۇشى ئېلىپ بېرىش، كۆپچىلىك ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ بىللە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش؛ ئۆزى كەشتىلىگەن كەشتە ئەسەرلىرى، ئۈستىگە مېيخۇا گۈلى، بامبۇك، مودەنگۈل قاتارلىق نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن؛ چوڭ تېپتىكى ئۆي ئىچى ئەمەلىي مەنزىرە مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرى «غەربىي يۇرتقا قايتىش»نى ئورۇندىغاندىكى سۈرەتلەر...

«مەن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن، بالىلىرىم شىنجاڭدا چوڭ بولدى، ئۇلار جۇڭگو تىلىدا ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدۇ، يەنە نۇرغۇن جۇڭگو بىلىملىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگەندى.» نۇرجامال مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، «مەن ئۆزۈم ياشاۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ كۈنسايىن ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى، ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى چوقۇم بارغانسېرى گۈزەل بولىدۇ».

# پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چاغانلىق بەخت تىلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىللىقلىقنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزدۇڭلار، سىلەر جاپا چەكتىڭلار، مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن سىلەرنىڭ ۋە ئائىلەڭلاردىكىلەرنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلەيمەن. چېن چۇەنگو مۇنداق تەلەپ قىلدى: ئۇسكۈنە ۋە تۇرۇبا لىنىيەسىنى ئاسراش، تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەسلىھەلەرنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىللىق، ئىناق بايرام ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

تيانشان رايونى يەنئەن يولى تەۋەلىك رايونى فۇجۈەن كوچىسى مەھەللىسىدە، چېن چۇەنگو مەھەللە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ، كۆپچىلىككە بايراملىق سالام يوللىدى. چېن چۇەنگو مەھەللىنىڭ باشقۇرۇش، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. مەھەللىنىڭ «ئائىلە يېرىمىدىكى دەرسخانىسى»دا، قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن ھەر مىللەت كىچىك دوستلار مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە رەسىم سىزىۋاتاتتى، قەغەز قاتلاۋاتاتتى. چېن چۇەنگو بالىلار بىلەن سەممىي سالاملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سورىدى، يەنە بالىلارغا ئوقۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق چاغانلىق سوۋغاتلارنى سوۋغا قىلدى. كىچىك دوستلارمۇ خۇشال ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قاتلىغان قەغەزلىرى، بالىلار رەسىملىرىنى چېن بوۋىسىغا چاغانلىق سوۋغىسى سۈپىتىدە سوۋغا قىلدى. چېن چۇەنگو ھەر مىللەت كىچىك دوستلارنىڭ خۇشال ـ خۇرام، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىدىن بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئۇ مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە پارتىيەنىڭ تۈپ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتىنى كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ سادىسىغا قۇلاق سېلىش، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاممىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنى ياخشى قىلىپ، دەۋر ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقنى تاپىلىدى.

«چاغىنىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، پۈتۈن ئائىلەڭلاردىكىلەرنىڭ چاغىنىغا خۇشاللىق، ئائىلەڭلارگە بەخت تىلەيمەن!» چېن چۇەنگو ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېڭچاڭ مەھەللىسى ئاھالىسى فاڭ خۇا ۋە نىجات يۇنۇسنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھېيتلىدى ھەم كۆپچىلىك بىلەن چۆرىدىشىپ بىللە ئولتۇرۇپ سەممىي پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە كىرىمى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. فاڭ خۇا ۋە نىجات يۇنۇس چېن چۇەنگوغا مۇنداق دېدى: ھازىر جەمئىيەت ئامانلىقى بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، شەھەر قۇرۇلۇشى بارغانسېرى گۈزەللىشىۋاتىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر بارغانسېرى ئىتتىپاقلىشىۋاتىدۇ، تۇرمۇشىمىزمۇ بارغانسېرى بەختلىك بولۇۋاتىدۇ. چېن چۇەنگو مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ تۇرىدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

چېن چۇەنگو يەنە تيانشان رايونى دەۋر مەيدانى مال سېتىۋېلىش مەركىزىنىڭ يەر ئاستى بىرىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان تاللا بازىرىغا كېلىپ، بايرام مەزگىلىدىكى بازارنىڭ تەمىنلەش ۋە كاپالەت ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى. تاللا بازىرىدىكى گۆش، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، قەنت ـ گېزەك، قۇرۇق مېۋە، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، چۈنلىيەن ـ فۇزى قاتارلىق چاغانلىق ماللار كۆزنى قاماشتۇراتتى، تۈرى كۆپ ئىدى. چېن چۇەنگو تاۋارلارنى زاپاس ساقلاش، سېتىش ۋە باھا قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، بازار ئېھتىياجىنى ياخشى قاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت ئاممىنى خاتىرجەم سېتىۋېلىش، خاتىرجەم ئىستېمال قىلىش، چاغاننى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش، بايرامنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز قاتارلىقلار ھال سوراشتا بىللە بولدى.

# ئۈچتۇرپاندا تۈمەنلىگەن كىشى بازارغا بېرىپ چاغاننى كۈتۈۋالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بازارنى ئاچقان ھەم باشقۇرۇۋاتقان ئۈچتۇرپان ناھىيەسى لۈيۈەن مىللىي سودا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ئۈچقۇنجان خالمۇرات مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇ بازار تۇرۇشلۇق جاي ئەسلىدە بىر تاشلاندۇق ئەخلەت مەيدانى بولۇپ، 11 يىل قۇرۇش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېپيېڭى تۈسكە كىردى، تەمىنلىگەن يايما ئورنى، بازاردىكى تاۋارلارنىڭ تۈرى، كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيدى.

چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، بىر يىل ئالدىراش ئۆتكەن دېھقانلارنىڭ يانچۇقىدا پۇلى بار بولغاچقا، يېمەك ـ ئىچمەك رايونى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەنىدى. سامسا، قوي گۆشى كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى قاتارلىق ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان يايما ئىگىلىرى چەبدەسلىك بىلەن ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرغاچ، مېھمان كۈتەتتى، ئۇلارنىڭ يايمىسىغا ئىككىلىك كود بەلگىسى ئېسىلغان بولۇپ، مېھمانلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن كۆپىنچىسى كودنى سىكانېرلاپ پۇل تۆلەيتتى.

ئەلگە ئوخشاش بۇنداق سەييارە يايمىچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بازاردا مۇقىم يايما ئورنىدىن 800ى بار ئىكەن. يايما ئىگىسى ئۆمەرجان ئوسماننىڭ ئېيتىشىچە، بىر يايما ئورنىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغىنى پەقەت بىر ئائىلىلا ئەمەس ئىكەن، ئۇ سېتىۋاتقان نان ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئوتتېشى يېزىسى ئالاساي كەنتىدىكى سەنئەت يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ پىششىقلاش زاۋۇتى 200دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىنىڭ نان يېقىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بوپتۇ.

مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات رايونىدا، بازار ئايلىنىۋاتقان ئوتتېشى يېزىسى دۆڭچىغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى توختىگۈل تۇردى بىر خالتا ئۈزۈم، جۇزە قاتارلىق مېۋىلەرنى سېتىۋالدى. ئۆيىدىن چىققاندا، كەنت كادىرى بولغان ئېرى ئەخمەت ياسىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە تاپىلاپ مۇنداق دېدى: «بازارغا بارغاندا مېۋىنى كۆپرەك سېتىۋېلىڭ، چاغاننى تەبرىكلەپ كېلىدىغان ‹ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› بويىچە كەنتتە تۇرۇۋاتقان كادىرلار ۋە تۇغقانلاشقان كادىرلارنى ياخشى كۈتۈۋالمىساق بولمايدۇ. كەنتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار كۆپتىن ـ كۆپ ئەجىر قىلدى».

«مەن دائىم بازاردا دېھقانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىمەن. بىر ئاي ئىلگىرى، مەن زاۋۇتقا تېلېفون قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى باش تېما قىلغان بىر تۈركۈم چۈنلىيەن زاكاز قىلغانىدىم، ھازىر بۇ چۈنلىيەنلەر ناھايىتى ياخشى سېتىلىۋاتىدۇ» دېدى يايما ئىگىسى جاڭ شاۋخۇا مۇخبىرغا.

سائەت 15تىن كېيىن، يېمەك ـ ئىچمەك رايونىدىن چىققان تۈركۈم ـ تۈركۈم كىشىلەر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى رايونى ۋە چارۋا ـ قۇش يەم ـ خەشەكلىرى رايونىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى رايونىدا، يايمىچى مەخمۇت مەمەت ئاقتوقاي يېزىسىنىڭ يالغۇز ئۆرۈك كەنتىدىن كەلگەن كەنت ئاھالىسى راملە مۇختەردىن: «سىز قانچىلىك چوڭلۇقتا پارنىك سالماقچى؟ قانچىنچى ئايدا كۆكتات مايسىسى كۆچۈرىسىز؟» دەپ سورىدى. راملەنىڭ ئېھتىياجىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مەخمۇت ئۇنىڭغا 11 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سولياۋ رەخت ئۆلچەپ بەردى. شۇ كۈنى، ئۇ 200 مېتىردىن ئارتۇق سولياۋ رەخت ساتقان بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى چاغاندىن كېيىن ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

بازاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىنى كۆرگەن ئۈچقۇنجاننىڭ ھاياجانلانغان ھالدا ئېيتىشىچە، بازارنى قۇرۇش باشلانغان چاغدا، ناھايىتى كۆپ ئادەم بازارنىڭ ئورنى چەترەك، چوقۇم ئادەم كەلمەيدۇ، دەپ قارىغان ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ جايدا ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بازار كۈنى تىجارەتچىلەر ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماپتۇ، ئۇ بازار ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، بازارنى دائىم ئېچىشنى ئىلتىماس قىلىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)